## 9979 ـ قەبرىستانلىقتا مېيىت ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇشنىڭ ھۆكمى

**سۇئال**

بىزنىڭ يۇرتىمىزدا مۇسىبەت ئىگىلىرىدىن بىرقىسىم كىشىلەر قۇرئان ئوقۇيالايدىغان بەزى قارىيلارنى قەبرىستانلىققا تەكلىپ قىلىپ قۇرئان ئوقۇتىدۇ، ئۇلار بۇ ئوقۇلغان قۇرئاننىڭ ئۆلگۈچىگە پايدىسى بولىدۇ ۋە ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلىنىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، بەزىلەر چوڭ ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەيدۇ ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەتمە قۇرئان ئوقۇتىدۇ، ئىسلام دىنىدا بۇ ئىشنىڭ ھۆكمى قانداق؟ قەبرىستانلىقتا ۋە باشقا جايلاردا ئوقۇلغان قۇرئاننىڭ ئۆلۈككە پايدىسى بولامدۇ؟ ئۆلۈككە پايدىسى يېتىدىغان توغرا ئىشلار قايسى؟ بىزگە بۇنىڭ توغرىسىنى كۆرسىتىپ بەرسىلە، ئاللاھ سىلەرگە زىيادە ساۋاپ ئاتا قىلسۇن، بىزمۇ سىلەرگە كۆپ رەھمەت تەشەككۈر ئېيتىمىز.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئاللاھقا مەنسۇپتۇر.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان سەھىھ ھەدىستە : كىمكى بىزنىڭ ئىشىمىزدا يوق نەرسىنى پەيدا قىلسا، بۇ ئىش رەت قىلىنىدۇ. يەنى بۇ ھەدىستىن دىندا يوق بولغان ئىشنى كىم پەيدا قىلسا بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ۋە جىنايىتى شۇ كىشىگە قايتىدۇ دېگەن مەنا ئىپادىلەنگەنلىكتىن بۇ ئىش ئىسلام دىنىدا توغرا بولمىغان بىدئەت ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىن.

قەبرىستانلىقتا قۇرئان ئوقۇيدىغان، ئۆلۈكنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرلەپ ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزىدىغان ئىشلار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە كېيىنكى توغرا يول تۇتقۇچى خەلىپىلەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ بىدئەت ئىشلاردىن، ياخشىلىقنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا، كېيىنكى توغرا يول تۇتقۇچى خەلىپىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ يولىغا ماڭغان كىشىلەرگە ئەگىشىش، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى قىلىشتىن ئىبارەت، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزىمۇ شۇ مەنانى ئىپادىلەيدۇ:ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر( يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلار) دىن ئاللاھ رازى بولدى، ئۇلارمۇ ئاللاھدىن مەمنۇن بولدى، ئاللاھ ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ چوڭ بەختتۇر.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سىلەر مېنىڭ سۈننىتىمنى ۋە ئۆزى توغرا يولدا بولغۇچى ۋە باشقىلارنى توغرا يولغا باشلىغۇچى خەلىپىلەرنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتۇڭلار ۋە ئۇنىڭغا چىشىڭلارنى چىشلەپ تۇرۇپ ئەمەل قىلىڭلار، بىدئەت ئىشلاردىن ھەزەر ئەيلەڭلار، ھەقىقەتەن ھەرقانداق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمەخۇتبىلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق دېگەن: سۆزنىڭ ياخشىسى ئاللاھنىڭ كىتابىدۇر، يولنىڭ ياخشىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتقان يولىدۇر، ئىشلارنىڭ ئەڭ ئەسكى، ناچارلىرى دىندا ئەسلى يوق يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلاردۇر، دىندا ئەسلى يوق يېڭىدىن پەيدا بولغان

ئشلارنڭ هەممسى ئازغۇنلۇقتىن ئىبارەتتۇر. بۇ توغرىدا سۆزلەنگەن هەدىسلەر ناهايتى كۆپ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۆزىنىڭ سەهىھ هەدىسلىرىدە مۇسۇلمان ئۆلگەندىن كيىن پايدىسى بولىدىغان ئىشلارنى سۆزلەپ مۇنداق دىدى: ئىنسان ئۆلگەندىن كيىن ئۇنىڭ هەممە ئىشلىرى ئۈزۈلىدۇ، ئەمما ئۈچ تۈرلۈك ئەملى داۋاملىشىدۇ، بىرىنچى: سەدىقە جارىي، (ئىنسان هاياتلىقتا ئاللاھ رىزالىقىنى كۆزدە تۇتۇپ مۇسۇلمانلار مەنپەئەتلىنىدىغان ئىشلارنى قىلغان بولسا، ۋاپاتىدىن كيىن ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇ ئىشلارنىڭ داۋاملىشىشى بىلەن مىيىتكىمۇ ساۋابى يىتىپ تۇرىدۇ) ئىككىنچى: مەنپەئەتلىك ئىلىم،( بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى مۇسۇلمان شەرئى ئىلىملارنى ئۇگۈنۈپ، مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتلىك ئىلمى خىزمەت قىلغان بولسا، ۋە ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ جەمئىيەت ئىسلاهاتى ۋە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنى ئۈستۈن قىلىدىغان يىڭچە بىلىملەرنىڭ بارلىققا كىلىشىگە سەۋەبچى بولغان بولسا) ئۈچىنچى: ئىنساپلىق پەرزەنت تەربىيلەش،( يەنى ئىسلام ئىدىيىسى ۋە ئەخلاقى بىلەن ئاللاھنىڭ هەققى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ هەققى قاتارلىقلارنى تونۇيدىغان ئاڭ ـ سەۋىيە بىلەن پەرزەنت تەربىيلەش) .

بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئاتا ـ ئانام ۋاپات بولغاندىن كيىنمۇ ئۇلار ئۈچۈن قىلىدىغان بىرەر ياخشى ئىش بارمۇ؟ دەپ سورىدى، پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام مۇنداق دىدى: هەئە ـ بار، ئۇلارنىڭ هەققىدە دۇئا قىلىش، ناماز ئوقۇش، ئاللاهدىن ئۇلارغا كەچۈرۈم تەلەپ قىلىش، ئۇلارنىڭ قىلغان ۋەسىيەتلىرىنى ئىجرا قىلىش، دوست بۇرادەرلىرىنى ئىززەت ئىكرام قىلىش، ئۇ ئىككيلەننىڭ تەرپىدىن بولغان ئۇرۇق تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

"ئۇلارنىڭ قىلغان ۋەسىيەتلىرىنى ئىجرا قىلىش" دىگەندىن ئۇلارنىڭ شەرىئەتكە مۇۋاپىق كىلىدىغان تاپشۇرۇقلىرى بولسا ئورۇنداش ئەمەلگە ئاشۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئاتا ئانىسى ئۈچۈن سەدىقە قىلىش، كەچۈرۈم تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلىش، شارائىتى يار بەرسە ئۇلار ئۈچۈن هەج ـ ئۆمرە قىلىشمۇ ئۇلار ئۈچۈن قىلىنغان ياخشىلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

(دىمەك؛ قەبرىستاندا ئۆلۈك بىشىدا قۇرئان تامام قىلدۇرۇش، ئاتالمىش موللىلار ۋە يوقسۇللارغا قەبرە بىشىدا پۇل تارقىتىش، مىيىتقا ساۋابى يىتىدۇ دىگەن ئاساسسىز كۆز قاراش بىلەن، مۇسىبەت ئىگىلىرىنىڭ هالىغا قارىماستىن بەزى بىر ئالدىپەش نانتاپالارنىڭ قىستىشى ياكى سەت تۇرىدۇ، دادىلىرى، ئانىلىرى كىچىك كىشىلەر ئەمەسمىدى، ئاخۇنۇملارنىڭ ئالدىدا پۇل قويمىساق سەت تۇرىدۇ...دىگەندەك قىلىپلىشىپ كەتكەن سەپسەتەلەرنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان مۇسىبەت ئىگىلىرى، ئۆلەپ ـ تىرىلىپ تاپقان پۇللىرىنى ئاتالمىش ساۋاپ ئۈچۈن بىغىشلاشقا مەجبۇر بولدى.ئۆلگۈچىنى بىر زىيان تارتقان بولسا، ئۇنىڭغا قوشۇپ پۇل ـ ماللىرىدىنمۇ ۋاقىتسىز نە دىن ـ شەرىئەتكە، نە ئەقىل ـ مەنتىقىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىشلارنى ئوتتۇرىغا ئىلىپ چىقىپ بازار تاپقۇزۇشقا تىرىشتى. شۇنداقلا دىيارىمىزنىڭ بەزى بىر يىزا ـ قىشلاقلىرىدا تا بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كىلىۋاتقان يەتتە كۈن، قىرىق كۈن، بىر يىل بولغاندا، مىيىتنىڭ پەرزەنتلىرى يەنىلا نەزىر قىلىش دىنىمىزدىن، ئۆلۈككە ساۋاپ بولىدۇ، نەزىر قىلمىسا مىيىت خاتىرجەم ياتالمايدۇ، نەزىر قىلمىسا جەمئىيەتتە سەت تۇرىدۇ، تونۇش ـ پىلىش، خۇلۇم ـ خوشنىلار نىمە دەپ قالىدۇ... دىگەندەك بەزى بىر پوپ موللىلار ۋە سوپى ئىشانلارنىڭ شەرىئەتكە ئاساسلىنىپ ئەمەس، بەلكى ئۆز خاهشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقارغان زاڭ پەتىۋالىرىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كىتىۋاتقانلارمۇ ئانچە ئاز ئەمەس.ئاز ـ تولا

قوۋۇرغىسىنىڭ مېيى بارلارغۇ جاھىللىقتىن شەرىئەت بىلەن ھېسابلاشماي نەزىرە قىلسۇن، يوقسۇل بىچارىلەرچۇ؟! نەزىر قىلسا ئۆلۈككە ساۋابى يېتىدۇ، قىلمىسا مېيىتكە ۋە مۇسىبەت ئىگىلىرىگە ياخشى بولمايدۇ دېيىش ئۆرپ-ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن دىيارىمىزدا، يوقسۇللار نەزىرە قىلىش ئۈچۈن بار- يوقىنى سېتىپ ياكى قەرز قىلىپ يۈرۈپ قورسىقى توقلارغا زىياپەت بېرىپ، باتىل پەتىۋاچىلارنىڭ ھاڭدەك تويماس ئېغىزىغا شورىلىپ تۈگەيدۇ. دىنىمىزدا ھېچ قاچان ئۆلگەن كىشىنىڭ ئارقىسىدىن مىراسخورلار مال-دۇنيانى سورىۋېتىشكە بۇيرۇلمايدۇ، بەلكى، شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن ساغلام يول بىلەن ئېھسان قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

ئىمكانىيىتى يار بەرسە نەزىرە قىلىشنىڭ ئورنىغا، يوقسۇل، يېتىم- يېسىر، تۇل-خوتۇنلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىش، ئۆيلىنىش ئىمكانىيىتى بولمىغان قىز-يىگىتلەرنىڭ تۇرمۇش قۇرۇشىغا ياردەم قىلىش، ئۇندىن باشقا دىندا ئەسلى بار ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ ساۋابىنى مېيىتكە بېغىشلاش قاتارلىق ئىشلار شەرىئىتىمىزدە يولغا قويۇلغان. نەزىرە قىلىش، ئاتا-ئانىغا ئېھسان قىلىش دىنىمىزنىڭ پىرىنسىپلىرىدا كۆرسۈتۈلمىگەن ئىكەن، ئۇنىڭغا خاتىمە بېرىشىمىز لازىم. كىمىكى جەمئىيەتتە بىر بىدئەتنىڭ يوقىلىشىغا ھەسسە قوشىدىكەن، بىر سۈننەتنىڭ ئەھيا بولۇشىغا تۆھپە قوشقان بولۇپ، ئۇ دۇنيا-ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشىدۇ. ئاللاھدىن ھەممىمىزنى توغرا يولغا يېتەكلىشىنى سورايمەن.- مۇھەررىر-)